# كىچىككىنە چۆجىگۈن قوناق كىپىنەكسىمان ئۆزگىرىپ چوڭ كەسىپكە ئايلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى يەن مۇنداق دېدى: شىنجاڭ چارۋىچىلىق چوڭ رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى چەكلىك بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك يەم ـ خەشەك تەمىناتى يېتەرلىك بولمىغاچقا، «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقىنى تېرىش ھەم شاخ ـ شۇمبىلىرىنى يەم ـ خەشەككە ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، قوش ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، يېشىل ئايلانما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

### ھەرقايسى تەرەپلەر كۈچىنى مۇجەسسەملەپ كەسىپ شەكىللەندۈردى

2013 ـ يىلى، خوشۇت ناھىيەسىنىڭ چۇقۇ بازىرىدىكى دېھقان چېن شۈلياڭ خوشۇت شىڭخې «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقى تېرىقچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، تېرىقچىلىق كۆلىمى 500 مو بولۇپ، چۆللۈكتىكى ئۈنۈمسىز تۇپراقتا ھەر مو يەردىن ئوتتۇرىچە 360 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىپ، سېتىش سوممىسى 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ نەتىجە ئەتراپتىكى نۇرغۇن دېھقان ـ چارۋىچىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئەزا بولۇشقا جەلپ قىلدى.

32 ياشلىق ما خاجې چۇقۇ بازىرى كوناشەھەر كەنتىنىڭ ئاھالىسى. ئۇ يېرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئوبوروت قىلىپ بېرىپ، بىر يىلدا 5000 يۈەن كىرىم قىلدى، ئۇ «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقى پىششىقلاش زاۋۇتىدا ئىشلىدى، ھەر ئايلىق مائاشى 3000 يۈەن بولدى. «ئېرىمنىڭ سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلىنى قوشقاندا، ئائىلىمىزنىڭ بىر يىللىق كىرىمى 70 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خوشۇت ناھىيەسى «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقى تېرىش ئۈچۈن جەمئىي 4000 مودىن ئارتۇق يەرنى ئوبوروت قىلىپ، 200دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىگە نەپ يەتكۈزدى، يەردىن ئازاد قىلىنغان دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى ياكى زاۋۇتتا ئىشلىدى، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2000 يۈەندىن ئارتۇق كۆپەيدى.

«بىز ‹باشلامچى كارخانا تۈرتكە بولۇش + بازا ئۈلگە كۆرسىتىش + دېھقان ئائىلىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش›تىن ئىبارەت تەرەققىيات پىكىر يولى بويىچە ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، ‹كارخانا + بازا + دېھقان ئائىلىسى + بازار›دىن ئىبارەت كەسىپ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردۇق» دېدى چېن شۈلياڭ.

كۆپ تەرەپنىڭ كۈچى «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقىغا مۇجەسسەملەندى: ھەمكارلىق كوپېراتىپى يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 5000 توننىلىق پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، چۆجىگۈن قوناقنى پىششىقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى؛ «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقىنىڭ يېڭى سورتىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، مەھسۇلاتنىڭ تەمى ۋە رەڭگى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى؛ بىرتۇتاش مەبلەغ غەملەپ باغلاش ماشىنىسى سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ھەر مو يەردىن قىلىنغان ئۇنىۋېرسال كىرىم 60 يۈەن ئېشىپ، ئايلانما يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى...

### ياخشى سېتىش يوللىرى كەڭ دائىرىدە تېرىشقا تۈرتكە بولدى

قانداق قىلغاندا «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغاتقىلى بولىدۇ؟ جاڭجياكو شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش شۆبە قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن خوشۇت ناھىيەسى «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقىنىڭ قوشۇلما قىممىتى، بازار ئۈنۈمى ۋە نامراتلارنى يۆلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى كۆزلەپ، «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقىنىڭ ئىككىلەمچى كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

2017 ـ يىلى، خوشۇت ناھىيەسى «جاڭ شو» تاۋار ماركىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلىپ رويخەتكە ئالدۇردى، 2019 ـ يىلى يېشىل يېمەكلىك ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشتى، نۆۋەتتە «تيانشان سۆكى» ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي جۇغراپىيەلىك بەلگىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يېشىل ئېتىراپنامە بەلگىسىنى ئىلتىماس قىلماقتا.

«سېتىش مىقدارىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ‹جاڭزاگۇ› چۆجىگۈن قونىقىنى تور سىرتىدا ساتقاندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم تور دۇكانلىرى بىلەن ھەمكارلاشتۇق، ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ سېتىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، نۆۋەتتە كۆپ خىل ئورالما مەھسۇلاتلارنى ئاچتۇق» دېدى خوشۇت ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېن پېيچى.

بۈگۈنكى كۈندە، ھاۋاسىزلاندۇرۇپ ئورالغان «جاڭزاگۇ» چۆجىگۈن قونىقى چىڭداۋ، شېنجېن قاتارلىق جايلاردىكى تاللا بازارلىرىغا كىردى، يەنە جىڭدۇڭ قاتارلىق داڭلىق ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى بىلەن تەمىنلەش ـ سېتىش توختامى ئىمزالاپ، ئىچكىرى رايونلارغا سېتىش يېشىل يولىنى ئاچتى.

«نۇر ئىسسىقلىق بايلىقىنىڭ پايدىسىدا، خوشۇتتا تېرىلغان ‹جاڭزاگۇ› سۆكىنىڭ ياغ تەركىبى يۇقىرى، سىلېن مىقدارى مول بولۇپ، ئوزۇقلۇقى مول، مەززىلىك، يېپىشقاق بولغاچقا، ئىچكىرى رايونلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ كەڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.» چېن پېيچى مۇنداق دېدى: «سېتىش مىقدارىنىڭ ياخشى بولۇشى تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولدى. نۆۋەتتە، خوشۇت ناھىيەسى 20 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرگە ‹جاڭزاگۇ› چۆجىگۈن قونىقى تېرىغان بولۇپ، مو بېشى ھوسۇلى 500 كىلوگرام، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون يۈەن بولدى، 500دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسى نەپكە ئېرىشتى».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى ئورگىنى باش شۇجىنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى تېز قانات يايدۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تەلىم سۆزنىڭ روھىنى كەسپىي خىزمەت، قوشۇن قۇرۇلۇشى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈردى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ تەلىم سۆزىدە تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر دېلونى بېجىرىش، ھەربىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.» مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار پەن ـ تېخنىكا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مەسئۇل قانۇن دوختۇرى شياڭ جىڭ مۇنداق دېدى: باش شۇجىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان كەسپىي ماھارەت ئارقىلىق ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ياخشى ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايمىز.

ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى سۈن لىبى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىشنىڭ بىرىنچى سەپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق ساقچىلىرى قوشۇنى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز قاتتىق، قېلىپلاشقان، ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىش تەلىپىنى قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت دەرۋازىسىدىكى ئۆتكۈر شەمشەر مەخسۇس ھەرىكىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى ئۆستۈرۈپ، دېلو باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن زەنجىرلىك، يېپىق ھالقىلىق، تەكشۈرگىلى بولىدىغان، سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىغان قانۇن ئىجرا قىلىپ دېلو بېجىرىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىمىز. ئۇچۇرلاشقان پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ‹ئىككى بىرتۇتاش› دېلو تەكشۈرۈش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئاشكارا، ئادىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن ساقچىلىرى باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى چېن يۈگشەن مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتىن قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان بۇرچ، ۋەزىپىنى ئورۇندايمىز.

«ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇش خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى، شەرەپلىك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئېسىل ساقچى ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈشتىكى قىممەتلىك بايلىقى.» ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئالاھىدە ساقچى باش ئەترىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى جاڭ بىتاۋ مۇنداق دېدى: «ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتىن قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش» بويىچە تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشتا، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئالاھىدە ساقچى قوشۇنى «قاتتىق بولۇش» ئاساسىي رىتىمىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈردى، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈردى.

«بىز مەسئۇلىيىتىمىزنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ‹تۆۋەندە پولاتتەك بولۇش›تەك جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنىنى كۈچەپ تاۋلاپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆستۈرىمىز» دېدى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى يەن فىڭ.

بۇرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئورمان شۆبە ئىدارىسى جىڭ ناھىيەلىك چۆللۈك ئېكولوگىيە ئورمان ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جارقىن كۆشەن مۇنداق دېدى: سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم، ئىستىلدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، كەسىپتە كامالەتكە يەتكەن، ئىنتىزامدا قاتتىق بولغان «ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنى» بەرپا قىلىپ، كۈرەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈرەش ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيە بايلىقىنى قوغداش ۋە ئورمانغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش فۇنكسىيەلىك رولىمىزنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايمىز.

---

# پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كەڭ ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كارخانىلىرى، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرى، تاللا بازارلىرىنى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تور ۋە تور سىرتىدىكى كۈچلەرنى يۇغۇرۇپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ياخشى سېتىش يولى تېپىپ بەردى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، يەكەن ناھىيەسى زەرەپشان تاجىك يېزىسىنىڭ زەرەپشان كەنتىدىكى شىنبېي سېتىۋېلىش نۇقتىسىدا، شىنجاڭ جياڭگوداۋ سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى چېڭ زۈشۈەن ئىشچىلار بىلەن بىللە شىنبېي ئۆرۈۋاتاتتى. «سېتىۋېلىش نۇقتىسىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ياتاق ـ تاماقى، شىنبېينى توشۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى يەكەن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بەردى. ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىرى كۈچلۈك بولغاچقا، بىزمۇ، دېھقانلارمۇ خاتىرجەم بولدۇق» دېدى چېڭ زۈشۈەن.

يەكەن ناھىيەسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، گۇرۇپپىلارغا، رايونلارغا ئايرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سېتىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا نۇقتىدىن نۇقتىغا مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇپ، سېتىۋالغۇچى سودىگەرلەرنى يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ سېتىۋېلىشقا يېتەكلەپ، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆكتاتلارنى يىغىپ ساقلاش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردىكى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبارلىرىدىن پايدىلىنىپ، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنىڭ سېتىلىش مۇددىتىنى ئۇزارتتى. نۆۋەتتە 135 ئاپتوموبىل شىنبېي نۇقتىدىن نۇقتىغا توشۇلۇپ، 3143 توننا سېتىلدى.

ئالما ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 100 مىڭ مودىن ئاشقان ئونسۇ ناھىيەسىدە ھۆكۈمەت مېۋە سېتىۋېلىش يول خېتى بېجىرىش «يېشىل يولى» ئېچىپ، مېۋە پىششىقلاش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، يەرلىكتىكى مېۋە سېتىۋالغۇچى ۋاسىتىچىلەر، باشقا جايلاردىن كەلگەن سېتىۋالغۇچى سودىگەرلەر قاتارلىقلارنىڭ سەپەرگە چىقىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئالمىنىڭ بېيجىڭ، شېنجېن قاتارلىق شەھەرلەرگە سېتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«ئالاقە تورى +»نى قوللىنىش ساھەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئەندىزىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىلدى.

جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شۆبە شىركىتى «كەلگەن ھامان تەقسىملەپ يەتكۈزۈش»، پوچتا ۋېيشىن دۇكىنى ئېچىش شەكلىنى قوللىنىپ، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 8 ـ ئايدىن بۇيان، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرى ئارقىلىق جەمئىي 9 مىليون 480 مىڭ يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ توردا سېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

قومۇل شەھىرىدىكى سودا ساراي ـ تاللا بازارلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش تور نۇقتىلىرى توردا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش سۇپىسى بىلەن بىرلىشىپ، «توردا زاكاز قىلىش، تور سىرتىدا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش» «ۋاكالىتەن مال سېتىۋېلىش» كەسپىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاھالىلەرنى ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپلا قولايلىق تۇرمۇش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلدى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاقسۇ ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا «نۇقتا، لىنىيە، دائىرە، كۆلەم» خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش «نۇقتا»سىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تارماقلارنىڭ توشۇش «لىنىيە»سىنى تۇتاشتۇرۇپ، يېزا ـ بازار ئىقتىسادىدا «دائىرە» شەكىللەندۈرۈپ، بازاردىكى سېتىش «كۆلەم»نى كېڭەيتىپ، «ئۈچ تالون تۈزۈمى»(زاكاز تالونى، تەمىنلەش تالونى، ئەۋەتىش تالونى) بويىچە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئەندىزىسىنى يولغا قويدى. 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن ھازىرغىچە، شۇ جايدىكى ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى 4131 توننا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەمىنلەش زەنجىرىنى تۇراقلاشتۇرىدىغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارا قوش ئايلىنىشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان، خەلقئارا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمكارلىقىغا كۈچ قوشىدىغان مۇھىم ۋاسىتىگە ئايلاندى.

«بۇ يىلدىن بۇيان، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانىدا ئىزچىل يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ھالىتى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە پورتنىڭ يەككە ئايلىق ئەڭ يۇقىرى چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش تارىخىي سانلىق مەلۇماتى ئۇدا يېڭىلاندى. قايتىدىغان نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ يۈك توشۇش مىقدارىمۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، زور دەرىجىدە ئېشىش ھالىتى كۆرۈلدى. 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگە قەدەر، نۆۋەتچى پويىزنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت يۈك توشۇش مىقدارى بولتۇرقى پۈتۈن يىللىق يۈك توشۇش مىقدارىنىڭ 97.5%نىنى ئورۇندىغان بولۇپ، قايتىدىغان نۆۋەتچى پويىزنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى بولتۇرقى ئومۇمىي مىقداردىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى» دېدى ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش 2 ـ بۆلۈمىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىسى يىنخۇ فېيشۈ.

قايتىدىغان نۆۋەتچى پويىزلارغا قاچىلىنىدىغان ماللار ئاساسلىقى ئىمپورت قىلىنغان پۈتۈن ئاپتوموبىل، بوۋاقلار يېمەكلىكى، سانائەت خام ماتېرىيالى ۋە ئۈسكۈنە، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئەن ياغاچ قاتارلىقلار بولۇپ، ئاساسلىقى شىئەن، چۇڭچىڭ، چېڭدۇ، جېڭجوۋ قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى 13 شەھەرگە توشۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگە قەدەر، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 3000 قېتىمدىن ئېشىپ، 3018 قېتىمغا يەتكەن بولۇپ، بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41% ئېشىپ، بولتۇرقىغا سېلىشتۇرغاندا 80 كۈن بۇرۇن 3000 قېتىملىق سەۋىيەدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، مال قىممىتى 105 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يەتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلە مەددىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، كارخانىلارغا ياردەم بېرىدىغان تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى ـ تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ كارخانىلارغا ياردەم بېرىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش سىياسىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرى بىلەن يۈزتۇرا ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ مەسىلە ئىنكاس قىلىش ۋە ھەل قىلىش يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى بېكىتىلگەن ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بويىچە ئالغا سىلجىتىپ تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئامىللار بىلەن تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

مەملىكەت بويىچە تەبىئىي ئاپەت ئۇنىۋېرسال خەۋپ ـ خەتىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچى، ئۆلكە ئەھۋالى، ئۆلكە كۈچىنى تەكشۈرۈش بولۇپ، تەبىئىي ئاپەت يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ يوشۇرۇن خەۋپ ئاساسىنى ئېنىقلايدىغان مۇھىم ۋاستە، شۇنداقلا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۇنىۋېرسال مۇداپىئە ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىدىغان بىر تۈرلۈك ئۇللۇق، سىستېمىلىق خىزمەت. يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەبىئىي ئاپەت ئۇنىۋېرسال خەۋپ ـ خەتىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى قەتئىي تۈردە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قانۇنى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە ۋە بۇ قېتىمقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ كونكرېت تەلىپى بويىچە، ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىپ، ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى ۋاقتىدا تولدۇرۇپ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مۇكەممەل، چىن، ئىشەنچلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشىنى نوپۇزلۇق بولغان تەبىئىي ئاپەت خەۋپ ـ خەتىرى ئۇچۇرى ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى تەلىپى بويىچە، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشى ۋە دۆلەت ئاشلىق بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيەسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، زاپاس ساقلاش ئىقتىدارى، ئوبوروت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان ئاشلىق بىخەتەرلىكى كاپالەت سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.